# 133096 ـ تاھارەتتە ئىككى قولىنى يۇيۇشنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا

## سۇئال

مەن سىلەردىن تاھارەتتە ئىككى قولىنى يۇيۇشنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا سورىماقچى، مەن ئالالاھنىڭ پەزلى، ئاندىن سىلەرنىڭ چۈشەندۈرىشىڭلار بىلەن ئىككى قولنى بارماقنىڭ ئۇچىدىن باشلاپ جەينەككىچە يۇيۇش كېرەكلىكىنى بىلىمەن، لېكىن مېنىڭ سوئالىم: قولىنى بارماقنىڭ ئۇچىدىن باشلاپ جەينەككىچە يۇيۇش بىر، جەينەكتىن يەنە بارماقنىڭ ئۇچىغىچە يۇيۇش ئىككى بولامدۇ ياكى بۇنىڭ ھەممىسى بىر بولامدۇ؟ ئاللاھ ياخشى مۇكاپات ئاتا قىلسۇن.

## تەپسىلى جاۋاپ

ئىككى قولنى بارماقلىرىدىن باشلاپ ئىككى جەينىكىگىچە قېتىپ بىر قېتىم يۇيۇش تاھارەتنىڭ پەرزى بولۇپ، بۇ شەكىلدە يۇمىسا تاھارەت توغرا بولمايدۇ. ئۈچ قېتىم يۇيۇش مۇستەھەپ بولىدۇ.

بىر قېتىم يۇيۇشتىن بولغان مەقسەت: قايسى شەكىلدە بولسۇن قولىنىڭ ھەممە يېرىگە سۇ يەتكۈزۈشتۇر، سۇ قولىنىڭ بارماقلىرىدىن تاكى ئىككى جەينىكىگىچە يەتسە بۇنىڭ بىلەن قولنى بىر قېتىم يۇغان بولىدۇ.

سۇ ئىككىنچى قېتىم جەينەكتىن باشلاپ بارماقنىڭ ئۇچىغىچە يەتسە بۇ ئىككىنچى قېتىملىق يۇيۇش بولىدۇ. [پەۋاكىھەد دەۋانى 1-توم 144-بەت].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.